## كَلِمَةُ الطَّيِّبَةِ

**لآ اِلٰهَ اِلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللهِ**

### ئىمان كەلىمىسى

بىر اللە دىن باشقا ھېچ بىرئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد اللە نىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

## كَلِمَةُ الشَّهَادَةِ

**اَشْهَدُ اَنْ لآَ اِلٰهَ اِلاَّ اللهُ وَأَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ**

### شاھادەت كەلىمىسى



بىر اللەدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد اللە نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن .

## كَلِمَةُ التَّوْحِيْدِ

**لآَ اِلٰهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ، لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِى وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَّيَمُوْتُ، بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَىْءٍ قَدِيْرٌ وَ اِلَيْهِ الْمَصِيْرُ**

### تەۋھىد كەلىمىسى

يالغۇز بىر اللە دىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر ، اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر، سەلتەنەت اللەغا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللەغا مەنسۇپتۇر. اللە (ئۆلۈكنى)

تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ ،
الله ھەمىشە تىرىكتۇر ، اللهغا ئۆلۈم
يۈزلەنمەيدۇ ، ھەممە ياخشىلىقنىڭ
(خەزىنىسى يالغۇز ) الله نىڭ قولىدادۇر ، الله
ھەممىگە قادىردۇر ، ئاخىر قايتىدىغان جاي
اللهنىڭ دەرگاھىدۇر .

## كَلِمَةُ التَّمْجِيْدِ

سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَ لآ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَاللهُ
اَكْبَرُ، لاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيْمِ ،
مَا شَاءَ اللهُ كَانَ وَمَالَمْ يَشَأْ لَمْ يَكُنْ

## اللهنى مەدھىلەش كەلىمىسى

اللهنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ، جىمى ھەمدۇ



سانا اللهغا خاستۇر، يالغۇز بىر اللهدىن باشقا ھېچ بىر
ئىلاھ يوقتۇر، الله ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر، ئۇلۇغ ، ئەڭ
ئالى اللهنىڭ ياردىمى ۋە مەدىتى بولمىسا ھېچ بىر
ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز ، الله خالىغان نەرسە
بولىدۇ ، الله خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ

## كَلِمَةُ الْاِسْتِغْفَارِ

أَسْتَغْفِرُ اللهَ ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ
تَعَالَى رَبِّ مِنْ كُلِّ ذَنْبٍ أَذْنَبْتُهُ عَمْدًا مُتَعَمِّدًا
اَوْ خَطَئًا ، سِرًّا اَوْ عَلاَنِيَةً ، صَغِيْرَةً اَوْ كَبِيْرَةً
وَأَتُوبُ اِلَيْهِ مِنَ الذَّنْبِ الَّذِيْ أَعْلَمُ وَمِنَ
الذَّنْبِ الَّذِيْ لاَأَعْلَمُ ، إِنَّكَ أَنْتَ عَلاَّمُ
الْغُيُوبِ وَسَتَّارُ الْعُيُوبِ وَكَشَّافُ الْقُلُوبِ وَغَفَّارُ

الـذُّنُوبِ ، لاَحَـوْلَ وَلاَ قُـوَّةَ اِلاَّ بِـاللهِ الْعَلِـيِّ
الْعَظِيْمِ ، مَاشَاءَاللهُ كَانَ وَمَالَمْ يَشَاءْ لَمْ يَكُنُ .

## ئىستىغپار كېلىمىسى

پەرۋەردىگارىم اللەدىن قەستەن قىلغان ۋە سەھۋەن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن قىلغان ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى ، چوڭ ـ كىچىك گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشنى قايتا ـ قايتا تىلەيمەن ، بىلىپ قىلغان ۋە بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمغا اللە غا تەۋبە قىلىمەن ، ( ئى اللە ! ) سەن ھەقىقەتەن غەيبلارنى بىلگۈچىدۇرسەن ، كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىرىنى ياپقۇچىدۇرسەن ، دىللاردىكى سىر ـ ئەسرارلارنى ئاچقۇچىدۇرسەن ، بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن ، ئۇلۇغ ، يۈكسەك اللە نىڭ مەدىتى ۋەيارىدىمى بولمىسا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز، اللە خالىغان نەرسە بولىدۇ، اللە خالىمىغان نەرسە بولمايدۇر.



## كَلِمَةُ رَدِّ الْكُفْرِ

اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ شَيْئًا وَأَنَا أَعْلَمُ بِهِ ، وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَ أَعْلَمُ ، إِنَّكَ أَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوْبِ وَأَقُوْلُ قَوْلِي لاَإِلَهَ اِلاَّ اللهُ ، مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللهِ .

## اللەنى ئىنكار قىلىش ئېتىقاتىدىن توسۇش كېلىمىسى

ئى اللە ! بىلىپ تۇرۇپ ساڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۇرۇپ سېلىشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، بىلمەي قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمغا سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ، سەن ھەقىقەتەن غەيبلارنى بىلگۈچىسەن ، مەن (يالغۇز بىر اللەدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد اللە نىڭ پەيغەمبىرىدۇر) دىگەن سۆزۈمگە ئېتىقاد قىلىمەن

## حَقِيْقَةُ الإِيْمَانِ

**اَلْإِيْمَانُ اِقْرَارٌ بِالِّسَانِ وَ تَصْدِيْقٌ بِالْقَلْبِ بِمَا جَاءَ بِهِ مِنْ عِنْدِاللهِ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ**

## ئىماننىڭ ھەقىقى مەنىسى

ئىمان دىگەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ( ئۇنىڭغا اللە نىڭ مەرھىمىتى ۋە سالامى بولسۇن ) اللەنىڭ دەرگاھىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى دىل بىلەن تەستىق قىلىپ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ ، تائەت - ئىبادەتلەرنى يالغۇز اللەغا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر .

## اِيْمَانٌ مُجْمَلٌ



**آمَنْتُ بِاللهِ كَمَا هُوَ بِأَسْمَآئِهِ وَصُفَاتِهِ وَقَبِلْتُ جَمِيْعَ أَحْكَامِهِ وَأَرْكَانِهِ**

### خۇلاسە ئىمان

مەن اللە غا ( اللہ قۇرئان ۋە ھەدىستا ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەندەك ) ئىمان كەلتۈردۈم ، ئۇنىڭ بارلىق ھوكۇملىرىنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلدىم .

## إِيْمَانٌ مُفَصَّلٌ

**آمَنْتُ بِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْقَدْرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ مِنَ اللهِ تَعَالَى وَالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ**

### تەپسىلى ئىمان

مەن اللە نىڭ بارلىق بىرلىكىگە ، اللە نىڭ جىمى پىرىشتىلىرىگە ، اللە نىڭ چۈشۈرگەن بارلىق

كىتاپلىرىغا ، الله نىڭ ئىبەرگەن ھەممە پەيغەمبەرلىرىغا، قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ، ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ الله نىڭ قازاسى ۋە تەقدىرى بىلەن ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردۈم .

## تَشَهُّد

اَلتَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ ، اَلسَّلَامُ عَلَيْكَ يَآَيُّهَاالنَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ ، اَلسَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِاللهِ الصَّالِحِيْنَ ، أَشْهَدُ أَنْ لَآاِلَهَ اِلَّااللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ .

## تەشەھھۇد

تىل بىلەن ئورۇنلىنىدىغان تائەت ـ ئىبادەتلەر، بەدەن ئەزالىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان تائەت ئىبادەتلەر، پاك ـ ھالال ماللار بىلەن ئورۇنلىنىدىغان



تائەت ـ ئىبادەتلەر اللهغا خاستۇر . ئى پەيغەمبەر! سىزگە ئامانلىق بولسۇن ، الله نىڭ رەھمىتى ۋە بەركەتلىرى بولسۇن ، بىزلەرگىمۇ ۋە الله نىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇ ئامانلىق بولسۇن . گۇۋالىق بېرىمەنكى يالغۇز بىر الله دىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر ، مۇھەممەت الله نىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر .

## دۇرۇد

اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَّعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى اِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ اِبْرَاهِيْمَ ، اِنَّكَ حَمِيْدٌ مَّجِيْدٌ

## دۇرۇد

ئى الله ! مۇھەممەتكە ۋە مۇھەممەتنىڭ جەمەتىگە ( خۇددى ) ئىبراھىم ۋەئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە

رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن ، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيگە لايىقسەن ، ئۇلۇغسەن .

اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى اِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ اِبْرَاهِيْمَ ، اِنَّكَ حَمِيْدٌ ، مَّجِيْدٌ .

ئى الله ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمغا ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغاندەك بەخت ئاتا قىلغىن

رَبَّنَا آتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَّفِى الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَّقِنَا عَذَابَ النَّارِ



پەرۋەردىگارىمىز ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن . بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن .

اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِأُسْتَاذِيَّ وَلِجَمِيْعِ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ، وَالْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُسْلِمَاتِ ، اَلْأَحْيَاءِ مِنْهُمْ وَالْأَمْوَاتِ ، اِنَّكَ مُجِيْبُ الدَّعْوَاتِ ، وَرَافِعُ الدَّرَجَاتِ ، وَمُنْزِلُ الْبَرَكَاتِ ، وَدَافِعُ الْبَلِيَّاتِ ، وَوَلِيُّ الْحَسَنَاتِ ، وَقَاضِي الْحَاجَاتِ وَغَافِرُالذُّنُوْبِ وَالْخَطِيْئَاتِ ، بِرَحْمَتِكَ يَاأَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ .

ئى الله ! ماڭا ، ئاتا ـ ئانامغا ، ئۇستازلىرىمغا ، بارلىق مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا مۇسۇلمان ئەرلەرگە ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا ، ئۇلاردىن ھايات تۇرۋاتقانلارغا ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن . سەن ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئىجاۋەت قىلغۇچىدۇرسەن ، مۇئمىنلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقۇر كۆتەرگۈچىدۇرسەن ، بەركەتلەرنى چۈشۈرگۈچىدۇرسەن ، بالايى ـ مۇسىبەتلەرنى توسقۇچىدۇرسەن ، جىمى ياخشىلىقلارنىڭ ئىگىسىدۇرسەن ، بەندىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلغۇچىدۇرسەن ، بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇرسەن . ئى مىھرىبان الله ! سىنىڭ رەھمىتىڭنى تىلەيمەن .

## دعايى قنوت



اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَ نَسْتَغْفِرُكَ وَ نُؤْمِنُ بِكَ وَ نَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ وَ نُثْنِى عَلَيْكَ الْخَيْرَ ، نَشْكُرُكَ وَلاَ نَكْفُرُكَ ، وَ نَخْلَعُ وَ نَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ . اَللّٰهُمَّ اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَ لَكَ نُصَلِّى وَ نَسْجُدُ وَ اِلَيْكَ نَسْعَى وَ نَحْفِدُ وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ وَ نَخْشَى عَذَابَكَ اِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقْ .

ئى الله ، بىز سەندىن ياردەم تىلەيمىز ، سەندىن كەچۈرۈم سورايمىز ، ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ، ساڭا تەۋەككۈل قىلىمىز ، سىنى كۆپ مەدھىيلەيمىز ، سىنىڭ بەرگەن نىئمەتلىرىڭگە تەشەككۈر ئېيتىمىز ، كۇفرىلىق قىلمايمىز ، ساڭا ئاسىيلىق قىلىدىغان كىشىلەردىن ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ ئايرىلىپ كېتىمىز ، ئى الله ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ، سەن ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇپ سەجدە قىلىمىز ، سەن ئۈچۈنلا

تىرىشىپ خىزمەت قىلىمىز ، ئازابىڭدىن قورقىمىز ، ھەقىقەتەن سىنىڭ ئازابىڭ كافىرلارغا يېتەرلىكدۇر.

## صَلاَةُ جنازه دوعاسى

اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَ مَيِّتِنَا وَ شَاهِدِنَا وَ غَائِبِنَا وَ كَبِيرِنَا وَ صَغِيْرِنَا وَ ذَكَرِنَا وَ اُنْثَانَا ، اَللّٰهُمَّ مَنْ اَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَاَحْيِهِ عَلَى الْاِسْلَامِ وَ مَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوَفَّهُ عَلَى الاِيْمَانِ ، اَللّٰهُمَّ اِنْ كَانَ مُحْسِنًا فَزِدْ فِيْ اِحْسَانِهِ وَ اِنْ كَانَ مُوْسِئًا فَتَجَاوَزْ عَنْهُ .

ئى الله بىزلەردىن ھايات تۇرۇۋاتقانلارغا ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە ، ( بۇ نامازغا ) ھازىر بولغانلارغا ۋە ھازىر بولالمىغانلارغا ، بىزنىڭ چوڭلىرىمىزغا ۋە



كىچىكلىرىمىزگە ، ئەرلىرىمىزگە ۋە ئاياللىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن . ئى الله ، سەن بىزلەردىن ھايات قىلغانلىرىنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا ھايات قىلغىن، سەن بىزلەردىن قەبزىروھ قىلغانلارنى ئىمان بىلەن قەبزىروھ قىلغىن ، ئى الله ! ئەگەر ( ئۇ مېيىت ) ياخشى ئىش قىلغۇچى كىشى بولسا ئۇنىڭ ياخشىلىقنى زىيادە قىلغىن ، ئەگەر ئۇ مېيىت يامان ئىش قىلغۇچى كىشى بولسا ، ئۇنىڭ يامان ئىشنى كەچۈرگىن .

## ئەگەر مېيىت ئايال كىشى بولسا ئوقۇلىدىغان دۇئاسى مۇنداقتۇر

اَللّٰهُمَّ اِنْ كَانَتْ مُحْسِنَةً فَزِدْ فِيْ اِحْسَانِهِ وَ اِنْ كَانَتْ مُوْسِئَةً فَتَجَاوَزْ عَنْهَا .

ئى الله ! ئەگەر ئۇ (ئايال) ياخشى ئايال بولسا ئۇنىڭ ياخشىلىقنى زىيادە قىلغىن ، ئەگەر ئۇ ( ئايال ) يامان ئايال بولسا ئۇنىڭ يامانلىقنى كەچۈرگىن .

## نارسىدە ئوغۇللارنىڭ جىنازە دۇئاسى

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهُ لَنَا فَرَطًا وَّ اجْعَلْهُ لَنَا اَجْرًا وَّ
زُخْرًا وَّاجْعَلْهُ لَنَا شَافِعًا وَّ مُشَفَّعًا بِرَحْمَتِكَ
يَاآَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ .

ئى اللە ، ئۇ ( نارسىدە) بالىنى بىز ئۈچۈن (قىيامەت كۈنى ) ھەۋزى كەۋسەرگە بۇرۇن بېرىپ تۇرغۇچى قىلغىن ، ئۇنى بىز ئۈچۈن (قىيامەت كۈنى ) قورامساق ساۋاپ قىلغىن ، ئۇنى بىز ئۈچۈن ( قىيامەت كۈنى ) شاپائەت قىلغۇچى ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنغۇچى قىلغىن ، ئى ئەڭ رەھىم قىلغۇچى اللە ! سىنىڭ رەھمىتىڭنى تىلەيمىز .

## نارسىدە قىزلارنىڭ جىنازە دۇئاسى

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهَا لَنَا فَرَطًا وَّاجْعَلْهَا لَنَا اَجْرًا وَّ



زُخْرًا وَّ اجْعَلْهَا لَنَا شَافِعَةً وَّ مُشَفَّعَةً بِرَحْمَتِكَ
يَاآَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ .

ئى اللە ! ئۇ ( قىزنى) بىز ئۈچۈن (قىيامەت كۈنى ) ھەۋزى ــ كەۋسەرگە بۇرۇن بېرىپ تۇرغۇچى قىلغىن، ئۇ ( قىزنى ) بىز ئۈچۈن (قىيامەت كۈنى) قورامساق ساۋاپ قىلغىن ، ئۇ (قىزنى) بىز ئۈچۈن شاپائەت قىلغۇچى ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنغۇچى قىلغىن ، ئى ئەڭ رەھىم قىلغۇچى اللە ! سىنىڭ رەھمىتىڭنى تىلەيمىز.

## غۇسلىنىڭ نىيىتى

نَوَيْتُ اَنْ أَغْتَسِلَ غُسْلاً مِّنَ الْجَنَابَةِ رَفْعًا
لِّلْحَدَثِ وَ اِسْتِبَاحَةً لِلصَّلٰوةِ وَ تَقَرُّبًا مِّنَ
اللهِ تَعَالٰى .

تاھارەت ئېلىپ ، ناماز ئوقۇپ ، اللە غا يېقىنلىشىش ئۈچۈن جىنابەتتىن غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلدىم .

## تائامنىڭ دۇئاسى

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى اَطْعَمَنَا وَ سَقَانَا وَ جَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ ، اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا رِزْقًا حَلَالاً طَيِّباً بِغَيْرِ حِسَابٍ ، اَللَّهُمَّ زِدْ نِعْمَتَكَ وَلاَ تُنَقِّصْ .

بىزگە تاماق بەرگەن ، ئۇسسۇزلۇق بەرگەن ، بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلغان اللهغا شۈكۈر . ئى الله ، ( سەن بىزگە بەرگەن ) پاك ، ھالال رىزىقلەرنى چەكسىز بەركەتلىك قىلغىن ، ئى الله ، سىنىڭ( بىزگە بەرگەن ) نېئمەتلىرىڭنى زىيادە قىلغىن ، كېمەيتىۋەتمىگىن .

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى أَطْعَمَنِى هَذَا الطَّعَامَ وَ رَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّى وَ لاَ قُوَّةٍ .



مىنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن الله غا شۈكۈر .

## كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى كَسَانِى هَذَا الثَّوْبَ وَ رَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّى وَ لاَ قُوَّةٍ .

مىنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ كىيىمنى بەرگەن الله غا شۈكۈر .

## ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ اِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَ الْخَبَائِثِ .

ئى الله ، ساڭا سېغىنىپ ئەركەك چىشى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن .

## هەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇيدىغان دۇئا

**اَللّٰهُمَّ أَعِنِّى عَلَى ذِكْرِكَ وَ شُكْرِكَ وَ حُسْنِ عِبَادَتِكَ .**

ئى الله ! مىنىڭ سىنى زىكىر قىلىشىمغا ، ساڭا شۇكۇر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇللۇق قىلىشىمغا يارىيۆلەكتە بولغايسەن .

**اَللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ تَبَارَكْتَ يَاذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ**

ئى الله ، سەن مۇئمىنلارگە سالامەتلىك بىغىشلىغۇچىدۇرسەن ، سالامەتلىك بىغىشلاش سەندىندۇر ، ئى كەرەملىك ، ئۇلۇغ الله ! سىنىڭ بەركىتىڭ بۈيۈكتۇر .



**اَللّٰهُمَّ اِنِّى أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيْحِ الدَّجَالِ وَ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَ فِتْنَةِ الْمَمَاتِ ، اَللّٰهُمَّ اِنِّى أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَ الْمَغْرَمِ .**

ئى الله ، ساڭا سىغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن ، ساڭا سىغىنىپ كاززاپ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ، ساڭا سىغىنىپ ھايات-ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ، ئى الله ! ساڭا سىغىنىپ گۇناھدىن ۋە قەرىزدارلىقدىن پاناھ تىلەيمەن .

**اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَ الْجُبْنِ وَ الْبُخْلِ وَ الْهَرَمِ وَ عَذَابِ الْقَبْرِ، اَللّٰهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا ، أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلَاهَا ، اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَعُوْذُ بِكَ مِنْ**

عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ وَ مِنْ قَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ وَ مِنْ نَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ وَ مِنْ دَعْوَةٍ لاَيُسْتَجَابُ لَهَا .

ئى الله نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن ، ئۇنى پاك قىلغىن ، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلسەن ، سەن ئۇنى قوغدۇغۇچىسەن ۋە سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن ، ئى الله ! سەن بىلەن پايدىسىز ئىلىمدىن ، بويسۇنماس دىلدىن، تويماس نەپسىدىن ، ئىجاۋەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن .

رَبِّ اغْفِرْ لِي خَطِيْئَتِي وَ جَهْلِي وَ اِسْرَافِي فِي اَمْرِي كُلِّهِ وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي

اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي خَطَايَايَ وَ عَمْدِي وَ جَهْلِي وَ هَزْلِي وَ كُلُّ ذَلِكَ عِنْدِي ، اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَاقَدَّمْتُ وَ مَا اَخَّرْتُ وَ مَا اَسْرَرْتُ وَ مَا اَعْلَنْتُ



اَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَ اَنْتَ الْمُؤَخِّرُ وَ اَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ .

ئى الله ! مىنىڭ قەستەن بىلمەستىن ۋە چاقچاق يۇسۇندا قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ ، ئى الله، ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن ، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئىرىشتۇرىسەن ، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئىرىشتۇرىسەن، سەن ھەممىگە قادىرسەن .

## اَذَانْ

اَللهُ اَكْبَرُ ( ٤مَرَّة )

الله ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ( 4 قېتىم ).

اَشْهَدُ اَنْ لاَّ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ ( ٢ مَرَّة)

الله دىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن ( 2 قېتىم) .

**اَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُوْلُ اللهِ ( ٢ مَرَّة )**

مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم الله نىڭ ئەلچىسىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن .(2 قېتىم)

**حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ ( ٢ مَرَّة )**

نامازغا كېلىڭلار ( 2 قېتىم)

**حَيَّ عَلَى الْفَلاَحِ ( ٢ مَرَّة )**

نىجاتلىق يولىغا كېلىڭلار ( 2 قېتىم)

**اَللهُ اَكْبَرُ ( ٢ مَرَّة ) ا**

الله ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ( 1 قېتىم )

**لآ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ ( ١ مَرَّة )**

**الله دىن باشقا ھېچ بىرئىلاھ يوقتۇر ( 1 قېتىم )**



**اَلصَّلوةُ خَيْرٌ مِّنَ النَّوْمِ ( ٢ مَرَّة )**

ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر ( 2 قېتىم )

## ئەزان دۇئاسى .

**اَللّٰهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلوةِ الْقَائِمَةِ ، آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ وَالدَّرَجَةَ الْعَالِيَةَ الرَّفِيْعَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَّحْمُوْدًا الَّذِىْ وَعَدْتَّهُ وَارْزُقْنَا شَفَاعَتَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ، اِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيْعَادَ .**

ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ پەرۋەردىگارى الله ، مۇھەممەتكە جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە يۈكسەك ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن ، مۇھەممەتنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا ئەۋەتكىن ، قىيامەت كۈنى بىزگە

ئۇنىڭ شاپائىتىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن . سەن
ھەقىقەتەن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايسەن .

## سَيِّدُ الاِسْتِغْفَارِ

اَللهُمَّ اَنْتَ رَبِّي لآ اِلَهَ اِلاَّ اَنْتَ خَلَقْتَنِي وَأَنَا
عَبْدُكَ وَاَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ
اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ اَبُوْءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ
عَلَيَّ وَاَبُوْءُ بِذَنْبِي فَاغْفِرْلِي فَاِنَّهُ
لاَيَغْفِرُالذُّنُوْبَ اِلاَّ اَنْتَ .

## ئىستىغپارلارنىڭ خوجىسى

ئى الله ! سەن مېنىڭ رەببىم سەن ، سەندىن بىلەك
ئىلاھ يوق ، سەن مېنى ياراتتىڭ ، مەن سېنىڭ
بەندەڭمەن ، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت



قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ
يېتىشىچە بەر قارارمەن ، ساڭا سېغىنىپ يامان
قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن ، سېنىڭ ماڭا
بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن ،
گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن ، مېنى مەغپىرەت
قىلغىن ، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن .

عَنْ اَبِى هُرَيْرَةَ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِىِّ
صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ قَالَ كَلِمَتَانِ خَفِيْفَتَانِ
عَلَى اللِّسَانِ ثَقِيْلَتَانِ فِى الْمِيْزَانِ حَبِيْبَتَانِ
اِلَى الرَّحْمَنِ ، سُبْحَانَ اللّٰهِ وَ بِحَمْدِهِ ، سُبْحَانَ
اللّٰهِ العَظِيْمِ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت
قىلىندۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
ئېيتىشقا تىلغا يەڭگىل كېلىدىغان ، مىزان ( قىيامەن
كۈنى كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالىنى تارتىدىغان تارازى)
دا ئېغىر كېلىدىغان ، الله غا ياقىدىغان ئىككى سۆز

بار ، ئۇ بولسىمۇ سُبْحَانَ اللهِ الْعَظِيْمِ (ئۇلۇغ الله نى تەرىپلەيمەن ) سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ ( الله نى پاك دەپ تونۇيمەن ، اللهغا ھەمدۇ ئېيتىمەن ) دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت .

عَنْ حُذَيْفَةَ رَضِيَ اللَّهَ عَنْهُ اَنَّ رَسُولَ اللَّهَ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ اِذَا أَرَادَ اَنْ يَرْقُدَ وَضَعَ يَدَهُ الْيُمْنَى تَحْتَ خَدِّهِ ثُمَّ يَقُوْلُ : اَللَّهُمَّ قِنِى عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىماقچى بولسا ئوڭ قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قوياتتى ، ئاندىن ‹ ئاللاھۇممە قىنى ئەزابەكە يەومە تەبئەسۇ ئىبادەكە ›(ئى الله بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان مەشھۇر كۈندە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن) دەيتتى .



## قەبرە يوقلىغاندا مېيىتلەرگە سالام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُسْلِمِيْنَ ، وَاِنَّا اِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لَلاَحِقُوْنَ ، نَسْأَلُ اللَّهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ .

ئى مۆمىن ، مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى ، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمىز ، خۇدا خالىسا بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز ، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ ، سىلەر ئۈچۈنمۇ اللهدىن ئامانلىق تىلەيمىز

## ئىستىخارە دۇئاسى ھەققىدە

عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ رَسُوْلُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُعَلِّمُنَا الاِسْتِخَارَةَ فِي الأُمُورِ كَمَا يُعَلِّمُنَا السُّورَةَ مِنَ

الْقُرْآنِ يَقُوْلُ إِذَا هَمَّ أَحَدُكُمْ بِالْاَمْرِ فَلْيَرْكَعْ
رَكْعَتَيْنِ ثُمَّ لِيَقُلْ اَللَّهُمَّ اِنِّى اَسْتَخِيْرُكَ بِعِلْمِكَ
وَ أَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَ أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ
الْعَظِيْمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَ لاَ أَقْدِرُ وَ تَعْلَمُ وَلاَ اَعْلَمُ
وَاَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوْبِ اَللَّهُمَّ اِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ
هَذَا الْاَمْرَ خَيْرٌ لِى فِى دِيْنِى وَ مَعَاشِى وَ عَاقِبَةِ
أَمْرِى فَاقْدُرْهُ لِى وَيَسِّرْهُ لِى ثُمَّ بَارِكْ لِى فِيْهِ
وَ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّ هَذَا الْاَمْرَ شَرٌّ لِى فِى
دِيْنِى وَ مَعَاشِى وَعَاقِبَةِ أَمْرِى فَاصْرِفْهُ عَنِّى
وَاصْرِفْنِى عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الخيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ
أَرْضِنِى بِهِ قَالَ يُسَمِّيْهِ حَاجَتَهُ .



جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى ، رەسۇلۇللا مۇنداق دەيتتى ، سىلەردىن بىر كىم بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن : ئى الله ! ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقنى سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن ، شۇ ئىشنى قىلىشقا ماڭا قۇدۇرتۇڭ بىلەن كۈچ قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن ، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن تىلەيمەن ، چۈنكى ھەممىگە سەن قادىرسەن ، مەن قادىر ئەمەسمەن ، ھەممىنى سەن بىلىسەن ، مەن بىلمەيمەن ، ھەممە غەيىپ ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ ، ئى الله ! ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم ، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقنى ، ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقنى بىلسەڭ ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن . ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم ، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقنى بىلسەڭ

ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن . جابىر ؛ دۇئا جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئېيتىپ ئۆتسۇن دەيدۇ .

## 40 پەرز

ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ( يەنى ئىمان مۇپەسسەل ) تۈرى يەتتىدۇر .

### آمَنْتُ بِاللهِ

1- الله نىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشەندىم .

### وَمَلاَئِكَتِهِ

2- الله نىڭ ھەممە پەرىشتىلىرىگە ئىشەندىم .

### وكُتُبِهِ

3- الله نىڭ چۈشۈرگەن ھەممە كىتاپلىرىغا ئىشەندىم

### وَرُسُلِهِ

4- الله نىڭ ئىبەرگەن ھەممە پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەندىم .

### وَاليَوْمِ الآخِرِ



5- قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم .

### وَالقَدْرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ مِنَ اللهِ تَعَالَى

6- ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق الله ئورۇنلاشتۇرغان قازا ۋە قەدەر بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم .

### وَالبَعْثِ بَعْدَ المَوْتِ

7- ئۆلمەك راست ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەكنىڭ راست ۋە ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم .

### مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئاساسى بەشدۇر

1- ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولماق .

2- ھەر كۈنى بەش ۋاقىت نامازنى تولۇق ئوقۇماق.

3- ئۇلۇغ رامىزاندا ھەر يىلى ئىھتىيات بىلەن پۈتۈن بىر ئاي روزا تۇتماق .

4- مېلى زاكات ئۆلچىمىگە يەتسە ئۆشرە ۋە زاكاتىنى تولۇق بەرمەك .

5- يول خىراجەتلىرىگە كۈچى يەتسە ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلماق . ئەگەر ھەجگە

بىرىشقا كۆچى يەتمىسە ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزىنى تاشلىماي ھەمىشە تولۇق ئوقۇماقتۇر .

### تاھارەتنىكى پەرىزلەر بولار

1- يۈزىنى پىشانىسىنىڭ تۈك ئۈنگەن يېرىدىن باشلاپ قولىقىنىڭ يۇمشىقى ۋە ئېڭىكىنىڭ ئاستى بىلەن قوشۇپ يۇماق .

2- ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇماق .

3- بېشىنىڭ تۆتتىنىڭ بىر ھەسسىسىگە مەسھى قىلماق .

4- پۇتىنى ھوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇماق پەرىزدۇر ، ئەمما ساقاللىق كىشىگە پەرىز بەشدۇر، يەنى قولىنى ھۆل قىلىپ ساقىلىنى ئارلىماق بىر پەرىزدۇر .

### تەيەممۇمدىكى پەرىزلەر

1- تەيەممۇم قىلىشنى نىيەت قىلماق .

2- پاك تۇپراق تاپماق .



3- ئىككى قولىنى تۇپراققا بىر قېتىم ئۇرۇپ يۈزىنى سىلىماق .

4- يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ ئىككى بىلىكىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ سىلىماغلىق پەرىزدۇر .

### غۇسلىدا پەرىز ئۈچتۇر

1- ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ كانايغا يەتكۈزۈپ غار ـ غار قىلماق .

2- بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ مەزمەزە قىلماق (يەنى بۇرنىنى يۇماق ).

ئەگەر غۇسلىدا بىر تۈك ئورنى يەر سۇ تەگمەي قۇرۇق قالسا ياندۇرۇپ قايتا غۇسلى قىلماق لازىمدۇر .

## ئىككى رەكئەت نامازدا ئون ئىككى پەرىز باردۇر

ئالتىسى نامازنىڭ تېشىدىدۇر، ئالتىسى نامازنىڭ ئىچىدىدۇر. نامازنىڭ تېشىدىكى ئالتىسى :

1- پاك سۇدا تاھارەت ئالماق .

2- پاكىزا كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇماق .

3- پاكىزا ئورۇندا ناماز ئوقۇماق .

4- نامازنىڭ ۋاختىنى بىلمەك .

5- قىبلىگە ئالدىنى قىلماق .

6- نىيەت قىلماق پەرىزدۇر .

نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتىسى :

1- الله اكبر دەپ تەھرىمە تەكبىرىنى ( يەنى ناماز باشلاش تەكبىرىنى ) ئېيتماق .

2- قىيام ( يەنى ئۆرە تۇرماق ) .

3- قىرائەت قىلماق .

4- رۇكۇ قىلماق .

5- سەجدە قىلماق .

6- ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ( يەنى ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ) ئولتۇرماق پەرىزدۇر.

يەنە بىر پەرىز : ئەمرى بىلمەئرۇپ ( يەنى الله بۇيرۇغان ئىشلارنى قولىدىن كېلىشچە تولۇق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە باشقىلارنىمۇ قىلىشقا بۇيرۇش .



يەنە بىر پەرىز : نەھى ئەنىلمۇنكەر (الله توسقان يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تولۇق ساقلىنىش بىلەن بىرگە يەنە باشقىلارنىمۇ قىلىشتىن توسۇش) بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىدىكى ئالاھىدە بىر پەرىزدۇر. ۋە يەنە بىر پەرىز ئاياللارگە ھېيزنىڭ مىقدارىنى بىلمەكدۇر . ھېيزنىڭ ئېزى ئۈچ كىچە - كۈندۈز، كۆپى ئون كىچە - كۈندۈزدۇر . ئەگەر ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن ئاز ، ئون كېچە - كۈندۈزدىن زىيادە بولسا ئىستىھازە(بىنۇرمال خۇن) دەپ ئاتىلىدۇ . ئىستىھازە ئايال پاك ئايال قاتارىدا بولىدۇ .

يەنە بىر پەرىز : ئاياللارگە نىپاسنىڭ مىقدارىنى بىلمەكتۇر . ئايال كىشى بالا تۇققاندىن كېيىن كەلگەن خۇننى نىپاس دەپ ئاتىلىدۇ . نىپاسنىڭ ئىزىنىڭ توختىمى يوق ، كۆپى قىرىق كىچە كۈندۈزدۇر ، ئەگەر قىرىق كىچە — كۈندۈزدىن زىيادە بولسا خۇنى ئىستاھازە (يەنى بىنۇرمال خۇن) دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىستاھازە ئايال پاك ئايال ھوكمىدە بولىدۇ، ئۆزرىدار ئادەمگە ئوخشاش ھەر نامازغا باشقا - باشقا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ . رامىزان روزىسىنى تاشلىماي تولۇق تۇتۇدۇ ، بۇنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز توققۇز پەرىزدۇر، بۇلارنى ئوقۇپ ياد ئالماق بىر پەرىزدۇر . جەمى قىرىق پەرىز تامام بولدى .

## ئىسلام دىنىنىڭ تۇتقۇلۇق مەسىلىلىرى

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋەمېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

سوئال: ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئاساسى قانچە؟

جاۋاپ: سەككىز دۇر .

سوئال: ئۇلار قايسىلار؟



جاۋاپ : (1) تەۋھىد (2) نەبۇۋۋەت (يەنى پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش )(3) ئەدلى (يەنى ئېتىقادتا توغرا، تۈزۈك بولۇش، تائەت- ئىبادەتنى يالغۇز الله ئۈچۈنلا قىلىش ) (4) ئەمامەت (يەنى ئاخرەت ئىشلىرىنى دۇنيا ئىشلىرىدىن بۇرۇن قىلىش) ( 5) ئەمرى بىلمەئرۇپ (يەنى الله بۇيرۇغان ئىشلارنى قولىدىن كېلىشىچە تولۇق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا كىشىلەرنىمۇ قىلىشقا بۇيرۇش ). (6) نەھيى ئەنىلمۇنكەر(يەنى الله توسقان يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تولۇق ساقلىنىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا كىشىلەرنىمۇ قىلىشتىن توسۇش) (7) تەۋەللا (الله نىڭ دوستىنى دوست تۇتۇش ، دوست تۇتۇشتا الله ئۈچۈن دوست تۇتۇش ) (8) تەبەررا (الله نىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتۇش)دۇر.

سوئال : بۇلارنىڭ مەزمۇنى نىمە؟

جاۋاپ ؛ 1- تەۋھىد : الله باردۇر ، بىردۇر ، ۋاجىپ قەتئىيدۇر، يالغۇزدۇر، يەككە- يېگانىدۇر ، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ۋە جىمى كائىناتلارنى ئۆزى يالغۇز

ياراتقاندۇر ، ھېچ بىر شېرىكى يوقتۇر ۋە جىمى بەندىلەرنىڭ قۇل بولۇپ بويسۇنۇشىغا، باش ئېگىپ قۇلچىلىق قىلىشىغا ئۆزى يالغۇز ھەقلىقتۇر دەپ تونۇپ تائەت ـ ئىبادەتنى يالغۇز الله غا قىلىش ۋە الله ئۈچۈن قىلىش ، ھېچ قانداق مەخلۇقنى ھېچ قانداق تەرەپتىن الله بىلەن باراۋەر قىلماسلىق ، الله غا خاس بولغان ئىشنى پالانى ئۇلۇغ كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ دەپ تونۇماسلىقتىن ئىبارەت .

2ـ نەبۇۋۋەت : ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان دەۋردە دۇنياغا كېلىپ ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا الله نىڭ توغرا دىنىنى ئۈگۈتۈش ۋە بەخت يولىنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن، الله نىڭ ئەلچىسى جىبرىئىل پەرىشتە ئارقىلىق الله تەرەپتىن كورسۇتۇلگەن دىن يولىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۈگۈتۈش ۋە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان كىشىلەر دەپ تونۇپ ۋە ئىشىنىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش الله غا ئەگەشكەنلىك ، ئۇنىڭ دىگىنىنى قىلىش الله غا



بويسۇنغانلىق بولىدۇ دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ باشلىغان يولى بىلەن مېڭىش ، ئۇنىڭ سۆزىنى باشقا ھەر قانداق ئۇلۇغ ، كاتتا ئادەمنىڭ سۆزىدىن يۇقىرى بىلىپ ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت .

3 ـ ئەدلى : ئېتىقادى جەھەتتە توغرا ، تۈزۈك بولۇش، ئەمەل ئىبادەتنى شىرىكتىن خالى ھالدا يالغۇز الله ئۈچۈن قىلىش يەنى ئىسلام شەرىئىتىدە پەرىز، ۋاجىپ، سۈننەت ، مۇستەھەپ بولغان ئىشلارنى رەسۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن بويىچە قىلىشنى ئۈگۈنۈپ، پەرىز بولغان ئىشلارغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش ، ئاندىن كېيىن ۋاجىب بولغان ئىشلارغا ، ئاندىن كېيىن كۈچلۈك سۈننەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، چىڭ تۇتۇپ ئادا قىلىش ، ئاندىن مۇستەھەپ ئىشلارنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قىلىش ، ھارام ئىشلارنى قەتئى قىلماسلىق ، مەكرۇھ ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش .

ئەخلاقتا توغرا بولۇش يەنى دۇنيادا بىللە ياشىغان كىشىلەرگە ، سەپەردە بىللە بولغان كىشىلەرگە، ھەمرالارگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ئادەمگىمۇ ، ھايۋانغىمۇ زۇلۇم قىلماسلىق ، ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ۋە ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان ئىشلاردىن ساقلىنىش : مەسلەن : قاتىللىق ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، مۇناپىقلىق ، ئوغرىلىق ، زىنا ـ پاھىشە ، مەس قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ، خائىنلىق قىلىش ، چېقىمچىلىق قىلىش، قىمار ئويناش ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ، ئادەم تىللاش ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ، باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا يامان غەرەزدە بولۇش ، زىرائەتلىرىگە ، مال ـ مۈلۈكلىرىگە زىيان ئۆرۈش، ئەمەلدارلارگە پارە بېرىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ، خوتۇن ـ بالاچاقىلىرىنى ئۇقۇتماي بىلىمسىز قالدۇرۇش ، ئۆلارنى توغرا كەسىپ ـ تىجارەتكە كۆندۈرمەي بىكار تىلەت ، لەيلاقەت قىلىپ قويۇش ، ئاۋام مۇسۇلمانلار ئۇچۇن قايغۇرماسلىق ، نائىنساپلىق، رەھىمسىزلىق،



بىلىم ئۆگەنمەي بىكار يۈرۈپ ئۆمرىنى زايا قىلىۋېتىش ... قاتارلىق بۇزۇق ئەخلاقلاردىن ساقلىنىپ ئۆزىنىڭ ئۆرنىغا ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش بولسا ئەخلاقتا ئادىل بولغانلىقتۇر . بۇلاردىن باشقا قورقۇنچاقلىق ( ھەق گەپ قىلىشتىن قورقۇش ، ناھەق ئىشقا قارشى تۇرۇشتىن قورقۇش ) ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتىپ ، ئۇلارنىڭ توغرا سۆزىنى قوبۇل قىلماسلىق ، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يوق يېرىدە يامان گېپىنى قىلىش ، غەيۋىتىنى قىلىش ، ئورۇنلۇق چىقىملارغا چىدىماسلىق ( يەنى ئۆشرە ـ زاكات بېرىشكە ، ئاجىز يوقسۇل تۇققانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا ۋە ياردەم قىلىشقا ، ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئۆز ئىختىسادى ئەھۋالىغا لايىق تەمىنلەشكە ، دىنى ئىشلارغا ۋە ئومۇمغا پايدىلىق ئىشلارغا پۇل چىقىم قىلىشقا چىدىماسلىق ) خاتالىقنى ، كەمچىلىكنى كورسۇتۇپ قويغان كىشىلارنى يامان كۆرۇش ، تەنقىد كۆتۈرەلمەسلىك ، ماختانچاقلىق ، كىشىلەرنى كۆرسۇن ئۇچۇن ياخشى

ئىش قىلىش ، پايدىسىز گەپ ـ سۆزلەرنى تولا قىلىش، پايدىسىز ئىشلار ۋە ئويۇن تاماشىلارغا ۋاختىنى بۇزۇش ۋە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار ناتوغرا ئەخلاقتۇر، ئەدلىگە خىلاپتۇر .

مۇئامىلىدە توغرا بولۇش : ئىلىم ـ سېتىمدا يالغان سۆزلىمەسلىك ، جېڭ ـ تارازا ، مىسقاللاردا ئېغىر- يىنىك قىلماسلىق ، يالغان ۋەدە قىلىپ كىشىلەرنى ئالدىماسلىق ، بىر ـ بىرىگە ئىچى يامانلىق قىلىشماسلىق ، كىشىنىڭ سودىسىنى بۇزماسلىق، يالغان خېرىدار بولۇپ مال باھاسىنى يالغاندىن ئاشۇرماسلىق ، كىشىلەرنىڭ ئالماقچى بولۇپ سۆزلىشىپ قويغان خوتۇنلىرىغا خېرىدار بولماسلىق، بىلىمدا ياكى ئىقتىسادتا ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەمنى ھەقىر كۆرمەسلىك ، دىلىنى ئاغرىتماسلىق ۋە تەنە قىلماسلىق ، قولۇم ـ قوشنىلارغا ھۆرمەت قىلىش، كۆيۈنۈش ، ئەسكى بولىسىمۇ چىقىشىپ بىللە ياشاش، ئۆي سەرەمجانلىرى ياكى سايمان قاتارلىق نەرسىلەرنى سوراپ كىرسە غۇدۇرماي بېرىش،



قىينچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ، تونۇغان مېھمانلارنىمۇ ، تونۇمىغان مېھمانلارنىمۇ ياخشى كۈتۈش ۋە ھۆرمەتلەش ، ئۆيىدە بار نەرسىلەر بىلەن بېخىللىق قىلماي ياخشى كۈتۈۋېلىش ، خولۇم ـ قوشنا، يۇرت ـ مەھەللە ئىچىدە بېشىغا خاپىلىق كېلىپ قالغانلارگە ياردەمدە بولۇش ، كېسەل بولسا يوقلاش، ۋاپات بولسا يۆيۈپ كېپەنگە ئېلىش، نامىزىنى ئوقۇش ، دەپنە مۇراسىملىرىغا تولۇق قاتنىشىش ( باغاق بەرمىگەن ياكى ماددى مەنپەئەت كەلمەيدىغان نامازلارغا بارماسلىق توغرا ئەمەس ) . يولدا ئۇچرىغان مۇسۇلمان ئادەملەرگە تونۇمىسىمۇ سالام قىلىش ( ئاغزىدا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېمەي ئىگىلىپ تازىم قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ ) . قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم ياردەمگە چاقىرسا ياكى زىياپەتكە چاقىرسا بېرىش (لېكىن گۇناھ سادىر بولىدىغان يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ ) .

يولدا ئۇچرىغان قېرى ، ئاجىز ئادەملەرنى ماشىنىغا چىقىرىۋېلىش ، ھارۋىلىرىغا ئېلىۋېلىش ، ئۇلارنىڭ ئۇلاغ - ھارۋىلىرىغا يۈكتاقلىرىنى ئارتىشىپ بېرىش، يۈكتاقلىرىنى كۆتىرىشىپ بېرىش ، كىچىك باللارغا ، قېرى ئادەملەرگە كۆلىدىن ، ئۆستەڭدىن سۇيىنى ئۇسۇپ بېرىش ، خولۇم - خوشنا ۋە ئاجىز ئادەملەرنىڭ يەنى يەر خوشنىلىرىنىڭ ئۇسسۇغان زىرائەتلىرىنى سۇغۇرۇپ قويۇش، بۇزۇلغان كۆرۈك ۋە يوللارنى ئوڭشاپ قويۇش، ياۋاش ئادەملەرنى ئالداپ بازار باھاسىدىن قىممەت ساتماسلىق ، ناچار نەرسىنى پەردەزلەپ يالغاندىن داملاپ ساتماسلىق ، بېشى قاتقان بارار - كىلەر يېرى يوق مۇساپىر ۋە ماكانسىز مۇسۇلمان ئادەملەرگە ماكان بېرىش ، يېمەكلىك بېرىش ، ئىشقا ، كەسپكە ئورۇنلاشتۇرۇش ، ھەقسىز ئىلىم ئۆگۈتۈش ، ھۈنەر- كەسىپ ئۆگۈتۈش ، ئېرى يوق، يارىدەمچىسى يوق ئاياللارغا ياخشى ياردەمدە بولۇش ، ئۇلارنى ياخشى سالىھ ئەرلەرنى تېپىپ ياتلىق قىلىپ قويۇش، ئاتا بولۇپ قوغداش ، يېتىم باللارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ چىقىمىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇتۇش،



ھۈنەر- كەسىپ ئۆگۈتۈش، ئۆز باللىرى ، تۇققانلىرى ۋە دوست - بارادەرلىرىدىن باشقا بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالغان كىشىلەر بىلەن كارى بولماي يۈرمەسلىك ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ خارلىنىپ قېلىشىغا، زۇلۇمغا ئۇچراپ قېلىشىغا ، ئاچ - يالىڭاچ قېلىشىغا ۋە دەپسەندە قىلىنىپ قېلىشىغا قارشى تۇرۇپ رەھىم شەپقەت قىلىش ، ھىمايە قىلىش .

ياش ئەۋلاتلارنىڭ زامانىۋى ھۈنەر - سەنئەت ئۆگىنىشىگە ياردەمدە بولۇش ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىگە قارىتا ئاخلىق مۇئامىلىدە بولۇش ، سىلىق تەربىيە بېرىش . ئۆزى بىلگەن ھۈنەر- كەسپلەرنى يوشۇرماسلىق، باشقىلارنىڭ ئۆگىنىۋېلىشىدىن قىزغانماسلىق، بىلمىگەننى بىلىمەن دىمەسلىك ، ئۆزىنى بەك ئالىم، بەك ئۇستا چاغلاپ باشقىلارنى تۆۋەن كۆرمەسلىك، مۇسۇلمان ئادەمنى دۈشمەن تۇتماسلىق .

4 - ئەمامەت : يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىنى دۇنيا ئىشلىرىدىن بۇرۇن قىلىش . الله ئىنسانلارنى ھايۋانلاردەك كۆرۈنۈشى سەت ، تىلسىز ، ئەقىلسىز،

ئاقىسىز ياراتماي چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ ، تىل بېرىپ ، يېمەكلىكنى ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىكىدىن ئايرىم ، ئالى قىلىپ ، ئاڭ ، ئەقىل ـ پاراسەت بېرىپ، يەرشارىدىكى بارلىق جانلىقلاردىن، ئۆسۈملۈكلەردىن ، كان ـ مەدەنلەردىن ، خام ئەشيالاردىن پايدىلىنىش ۋە باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى بېرىپ ھۆرمەتلەشتىن مەقسەت ؛ بۇ قىسقا مۇددەتلىك دۇنيا ھاياتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تۇپراققا ئايلاندۇرۇۋېتىش بولماستىن بەلكى ئىككىنچى قېتىم قايتا تىرىلدۈرۈپ ، مەڭگۈلۈك ئەبەدى ھاياتتا ياشىتىشقا لايىق يارىتىشتۇر . شۇ مەڭگۈلۈك ئەبەدى ھاياتتا اللە نىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدىن ۋە جازاسىدىن ساقلىنىپ ، ھالاۋەت بېغىدا بەخت ـ سائادەت ۋە راھەت ـ پەراغەت ئىچىدە ياشاشقا لايىق بولۇشىمىز ئۈچۈن ، اللە بىزلەرنى دۇنيادا مەلۇم سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئىچىدىن مەلۇم كىشىلەرنى مەخسۇس تەربىلەپ پەيغەمبەر قىلدى ، ئۇلارنى ھەممە جەھەتتە تۈزۈك ۋە قابىلىيەتلىك قىلىپ ، پەرىشتە ( جىبرىئىل



ئەلەيھىسسالام ) ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان ئەقىدە ـ ئېتىقادلارنى ، توغرا يوللارنى ۋە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئۆگۈتۈپ ئۇلارنى پۈتۈن خەلققە رەھبەر قىلدى ۋە ئۇستاز قىلدى . جۈملىدىن بىزلەرنىڭ ھەممىمىزگە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مېڭىشىمىزنى ، ئۇ كورسەتكەن ئىشلارنى قىزغىن ئادا قىلىشىمىزنى تاپشۇردى . پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە تەلىم بەرگەن ئېتىقادلار، تائەت ـ ئىبادەتلەر، ئەدەپ ـ ئەخلاقلار، مۇئامىلاتلار بولسا ئاخىرەت ئىشلىرى دېيىلىدۇ . سەۋەب : بۇ ئىشلار توغرۇلۇق ھەربىر ئادەم قىيامەت كۈنى سۇئال ـ سوراق قىلىنىدۇ ، ھېساب بېرىدۇ ۋە چارەكۆرۈلۇدۇ . بىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىمىزغا ، سانائەت ، ھۈنەر ـ كەسىپىمىزلىرىمىزغا ، تىجارەتلىرىمىزغا ، يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزغا ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمىزگە دائىر ئىشلار دۇنيالىق ئىشلار دېيىلىدۇ .

الله بىزلەرگە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇختۇرۇپ ، دۇنيالىق ئىشلاردىن ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بۇرۇن قىلىشنى، دۇنيا ئىشلىرىنى قىلمەن دەپ ئاخىرەت ئىشلىرىنى كىچىكتۇرمەسلىكنى تاپشۇردى . ئاخىرەتلىك ئىشلار نەتىجە جەھەتتە چوڭ بولغانلىقتىن ، ھەم ئەبەدى تۇگۇمەس بەخت ـ سائادەتلىك ھايات ۋاستىسى بولغانلىقتىن ، بەزىلىرى بولسا ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ئەركىن ، پاراۋان ، خاتىرجەم ياشاش ۋاستىسى بولغانلىقتىن ئەلۋەتتە مۇھىم تۇتۇشقا ۋە بۇرۇن ئادا قىلىشقا تىگىشلىكدۇر. دۇنيالىق ئىشلارنىڭ پايدىسى قىسقا مۇددەتلىك ھەم ئاز بولغاچ ، بۇنى كۆزلەپ ئاخىرەت ئىشلىرىنى قۇربان بىرىشكە ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ . مەسىلەن : بەش ۋاخ ناماز بولسا مۆئمىن بەندىنىڭ مېھرىبان ئىگىسى الله بىلەن بىۋاستىتە سۆزلىشىدىغان ، توغرا يول تىلەيدىغان ، گۇناھلىرىدىن كەچۇرۇم سورايدىغان، ئىلتىجا قىلىپ رەھمەت تىلەيدىغان ، باش ئىگىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تەكلەيدىغان ، بىزگە رەھمەت



يۇزۇسىدىن ئىبەرتىلگەن رەسۇلۇللاھقا الله نىڭ سالامىنى ۋە رەھمىتىنى تىلەيدىغان ۋەسىلە (الله قا يېقىنلىشىش ۋاستىسى ) بولغاچقا ، دۇنيالىق پايدىنى دەپ نامازنى تاشلاش ياكى ۋاقتىنى ئۆتكۇزۇۋېتىش ئاقىلانە ئىش ئەمەس .

شۇنىڭدەك ئىلىم ـ مەرىپەت بولسا ئىنسانغا بەخت ئاتا قىلىدىغان ، ئۆز ئىگىسىنى تونۇتىدىغان، ئىككىلى ئالەمدە ھالاۋەتكە يەتكۇزۇدىغان ، ئىزىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان نۇرلۇق چىراق بولغانلىقتىن، قىز ـ ئوغول پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتماي ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ماھىيتىنى ، ئەقىدە ـ مەبدەئلىرىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى ، كۆرسەتمىلىرىنى تونوتماي ئىلىمسىز، ساۋاتسىز ، نادان قالدۇرۇش ، پايدىسى ئاز ھەم ۋاقىتلىق بولغان ئىشلارنى قىلغىلى سېلىپ، مال باققىلى سېلىپ ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ، ئۆي ئىشلىرىغا سېلىپ ، ئوينىغىلى قويۇپ بېرىپ مۇھىم، قىممەتلىك ئوقۇش مەزگىللىرىنى ئۆتكۇزۇۋېتىش، نۇرمۇش قىينچىلىقىنى ياكى ۋەزىيەتنى باھانە قىلىپ ئوقۇتماي دۇنيادا ھايۋانلارچە ياشاشقا ، الله قا

بەندىچىلىك قىلماي نەپسىگە قۇل بولۇپ ، ئاخىرەتتە دوزىخى بولۇشقا رازى بولۇش بالىنى باققانلىق ئەمەس، بەلكى بالىغا دۈشمەنلىك قىلغانلىقتۇر، روھىيىتىنى ئۆلتۈرگەنلىكتۇر، ئاخىرەت ئىشىنى دۇنيا ئىشىدىن تۆۋەن كۆرگەنلىكتۇر . ئومۇمى قىلىپ ئېيتقاندا دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ياكى ھۈنەر ـ كەسپكە ئالدىراپ نامازنى قازا قىلىش ۋە ياكى ئوقۇماسلىق، ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ تەنقىت قىلىشىدىن قورقۇپ ، خىزمىتىنى ئاسراپ دىن ئىشلىرىنى تاشلاش بولسا دىنىنىڭ بىر يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىغانلىقتۇر . مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ نان يېقىشىنى ، ئاش ئېتىشىنى ، مېھماندارچىلىقنى ، بالا ئېمىتىشىنى ، كىريۇيۇشىنى ۋە ئۆي ئىشلىرىنى باھانە قىلىپ نامازنى ، روزىنى قازا قىلىشى بولسا توغرا ئەمەستۇر . دىن ئىشلىرىنى يۈرىكىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى ئاجىز بولۇپ ، ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر .



ئەمەستۇر . دىن ئىشلىرىنى يۈرىكىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى ئاجىز بولۇپ ، ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر .

5 ـ ئەمرى بىلمەئرۇپ ( يەنى الله بۇيرۇغان ئىشلارنى قولىدىن كېلىشىچە تولۇق قىلىش بىلەن بىرگە باشقا كىشىلەرنىمۇ قىلىشقا بۇيرۇش) دېمەك : ئىسلام دىنىمىز بولسا الله رازى بولغان مۇقەددەس دىن بولۇپ، الله جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئۆگەتكەن ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا دۇنيا خەلقىگە ئۆگۈتۈشنى تاپشۇرغان ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆگەنگەن دىنىنى كېيىنكىلەرگە ئۆگۈتۈش ئارقىلىق ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ئۆگۈتۈپ دۇنياغا كېڭەيتىش ۋە قىيامەتكىچە داۋام قىلدۇرۇشنى بۇيرۇغاندۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بۇ خىزمەتنى جان دىلى بىلەن ئادا قىلدى . ئىسلام دىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى دەۋرىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق ، مىسر ، سۈرىيە ، يەمەن ، ئىرانغا قەدەر

كېتكەيدى ، ساھابىلەر دەۋرىدە بولسا ياۋروپانىڭ غەربى ۋە شىمالىغىچە ، غەربى ئافرىقا ۋە شەرقى ئاسىياغىچە كېتكەيدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئىمام ئەئزەم ۋە ئىمام بۇخارىدەك تىرىشچان ئالىملارنىڭ كۆچى بىلەن دىنىمىز كەڭ ئەمىلىلەشتۈرۈلدى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن قوغدالدى . يەھۇدى ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت دىن دۈشمەنلەرنىڭ دىنىمىزغا قىلغان سۇيىقەستلىرى تازىلاندى . دىنىنى ئۆگۈتۈش ۋەراۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ئالىملىرى داۋاملىق تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە نۇرغۇن دىنى كىتاپلارنى يېزىپ قالدۇردى . دەسلەپتە اِقْــــرَأْ ( ئوقۇ ) دەپ بۇيرۇغان ئىسلام دىنى ، ئەمدى بولدى ئوقۇما دەۋاتامدۇ ؟ ئەرەپ ئالىملىرىغا يۈكلەنگەن ئىلىم ئۆگۈتۈش ، ئەسىر قالدۇرۇش ، دىنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسى بىزنىڭ ئالىملىرىمىزدىن كەچۈرۈم قىلىنغانمۇ ؟ . رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، تابىئىنلار زامانىسىدىكى مۇسۇلمانلار الله تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەۋلاتلىرنى



ئوقۇتۇپ ، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىپىنى دۇنياغا ئاڭلىتىپ ، الله قا قانداق بەندىچىلىك قىلغانىدى ؟ بىزلەر ئىلىم ــ پەندىن، سەنائەتتىن ، گۈزەل ئەخلاقلاردىن، ئادىمگەرچىلىكتىن پۈتۈنلەي ئايرىلدۇق، ئالىملار ئۆزىمۇ ئەمەل قىلمايدۇ ، ئاممىغا ئۆگەتمەي ، ئاتا ــ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۆگەتمەي ، چوڭلار كىچىكلەرگە ئۆگەتمەي ، جان بېقىشنى ، نەپسىنى تويغۇزۇشنى بىرىنچى تۇتۇپ ، الله نىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ‹ ئىلىم ئۆگۈنىڭلار ، خەلىققە ئۆگۈتۈڭلار › دېگەن تاپشۇرقىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، شەخسىي تۇرمۇشتىن باشقىنى ئويلىماي، دىن ئۈچۈن يىغلىماي ، دىنىنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچۈن قايغۇرماي ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئادەم شەكىللىك ھايۋان دېيەرلىك ھالغا چۈشتۇق . قۇرئانغا، ھەدىسقا ۋە مۇجتەھىد ئالىملەرگە ئەگىشىپ ئەمەل قىلماي، قەبرىستانلارغا تەلمۈرگىنىمىزنى چوڭ ئىش دەپ تۇتۇپ قانائەتلەندۇق ، ۋائىزلارنىڭ راست ــ يالغان ئارلاشتۇرۇلغان ئاشۇرما سۆزلىرنى تەشۋىق ئورنىدا قوبۇل قىلدۇق ، ئىلىم ـ مەرىپەتدىن

ئايرىلىپ مەنىۋى قارغۇ بولدۇق ، ئىنسان قىلمايدىغان يامان قىلىقلار ، بۇزۇق ئىستىللار بىزدە ئومۇملاشتى ، دۇنيا ئەللىردىن نومۇس قىلمىدۇق . ساختىپەزلىك ، قويمىچىلىق ، يالغانچىلىق ، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ، خىيانەتچىلىك ، ئوغرىلىق ، زىناخورلۇق ، چېقىمچىلىق ، ئاداۋەتخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، جاسۇسلۇق قاتارلىق ئادەمگە نومۇس رەزىل ئەخلاقلار بىزلەرگە سىڭىپ كەتتى ، ياش ئەۋلاتلارنى زەھەرلىدى. بۇ رەزىل قىلمىشلەر نەدىن كەلدى ؟ پەقەت ياخشىلىقتا بۇيرۇشنى تاشلىغانلىقتىن، ئىلىم - ئەخلاق ئۆگەتمىگەنلىكتىن، ئىسلام دىنى ئاساسىدا تەربىيە بىرىپ ، نەسىھەت قىلمىغانلىقتىن ، ئىسلام دىنىنى توغرا تونۇتمىغانلىقتىن ، ئىسلام دىنىغا خىلاپ يامان ئىشلارغا قارشى تۇرمىغانلىقدىن ، قۇرئاننى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن ، ئىسلام دىنىنى توغرا تونۇمىغانلىقتىن ، ئىلىم ئوقۇمىغانلىقتىن، دۇنياغا نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى، دۇنيادا قانداق ياشاش كىرەكلىكىنى تونۇمىغانلىقتىن كەلدى . بۇ توغۇرلۇق موللا - ئالىم كىشلەر، ئىشانلەر، دىنى



زىيالىلار، ئاتا - ئانىلار الله ئالدىدا مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن ، ئاق بىلەن قارىنى ئايرىيالايدىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار مەسئۇللۇققا تارتىلىمىز .

ياخشى ئىشلار ( ئىلىم - مەرىپەتلەر ، ھۈنەر - كەسىپلەر ، گۈزەل - ئەخلاقلار ) ئۆزىچە راۋاجلانمايدۇ. مەلۇم سەئيى سەۋەپ ، مەلۇم ئىرىشچانلىق ، پىداكارلىق لازىم بولىدۇ .

ئىسلام دىنىدىن باشقا دىندىكىلەر ۋە ئېقىمدىكىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشكە قىلچە ئۈمۈدى يوق تۇرۇپ ، پەقەت دۇنيادىكى قىسقا مۇددەتلىك ئۆمۈرنى پاراۋان ئۆتكۈزۈش مەقسىتى بىلەن قىز - ئوغۇل بالىلىرىنى تولۇق ئوقۇتىدۇ ، ئۆزى توغرا دەپ تونۇغان كۆز قاراشلىرىنى باشقا مىللەتلەرگىچە تەرجىمە قىلىپ تەشۋىق قىلىدۇ ، ھەتتا تاڭىدۇ، ئىختىيارى ۋە مەجبۇري قايىل قىلدۇرىدۇ . ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ئىككى ئالەملىك بەخت يولى بولغان دىنىمىزنى ئۆز بالىلىرىمىزغىمۇ ، خوتۇنلىرىمىزغىمۇ ئۆگەتمەي ئاغزىدىكى مۇسۇلمانلىقتا رازى بولساق بولامدۇ ؟ ئويلاپ بىقىش كىرەك .

6-نەھيى ئەنىلمۇنكەر(يەنى الله توسقان يامان
ئىشلارنى قىلىشتىن تولۇق ساقلىنىش بىلەن بىرگە
يەنە باشقىلارنىمۇ قىلىشتىن توسۇش) دېمەك :
كۆزۈمىزگە كۆرۈنمەيدىغان چوڭ دۈشمىنىمىز شەيتان
ئادەمنىڭ ئىدىيىسىگە ھەرخىل بۇزۇق ، يامان
ھەۋەسلەرنى سالىدۇ ۋە خاتا يوللارغا باشلايدۇ،
قەلبىگە ئىمان ۋە توغرا تونۇش ئورۇنلاشمىغان
ئادەملەرنى ئۆزىگە قوشۇن قىلىپ ، ئۇلار ئارقىلىق
ئىسلام دىنىمىزغا خىلاپ بۇزۇق ئېتىقادلارنى، يامان
قىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ، دىنىمىزغا قارشى
تۇرىدۇ ، دىنىمىزنى بۇزغىلى ۋە يوقاتقىلى قەستلەيدۇ.
دۇنيادا مەۋجۇت بولغان خۇداسىزلىق ئىدىيىسى ، الله قا
مەخلۇقنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش ئىدىيىسى،
قاتىللىق، زالىملىق ، خائىنلىق ، مۇناپىقلىق ، زىنا
_ پاھىشە ، ھاراق ئىچىش ، ئوغرىلىق ، بولاڭچىلىق،
كىشىنىڭ مۈلۈكىنى ۋە ھوقۇق ئەركىنلىكىنى ئاياغ
ئاستى قىلىش قاتارلىق بۇزۇقچىلىقلار شەيتان ئىغۋا
قىلغان ئىشلار بولۇپ ، الله بۇ خاتا ئىشلاردىن



بەندىلىرىنى توساش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىبەردى،
پەيغەمبەرلەر بۇ خاتا ئىدىيەلەرگە، يامان قىلىقلارغا
قارشى كۈرەش قىلدى ۋە ئۆز ئۈممىتىگە بۇ ئىشلارغا
قارشى تۇرۇشنى تاپشۇردى . شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىمىزغا
خىلاپ بولغان سۆزلەرنى ئاڭلىغان ۋە ئىسلام دىنى
چەكلىگەن ھارام ئىشلارنىڭ سادىر بولغىنىنى كۆرگەن
ھەر بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۇنى توسۇش ۋەزىپىسى
بار، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، نارازى بولۇش
مەسئۇللىقى بار.

ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام
بىزگە ئۇلۇغ ئىگىمىز الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپ
مۇنداق دېگەن : { **مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ** } **(رَوَاهُ مُسْلِمٌ)**

«سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى
ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن ، مۇنداق قىلىشقا قادىر
بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن ، بۇنىڭغىمۇ قادىر

بۇلالمىسا ئۇنىڭغا نارازى بولسۇن ، بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر ›› (بۇنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

ئەمدى بىزدەك يامان سۆز ـ ھەركەتلەرگە نارازىمۇ بولماي ، يامان كۆرمەي ، ئىچىنماي ، بىپەرۋا يۈرگەنلەردە ئىمان بار دىيىشكە بولامدۇ ؟ الله ئىنساپ بەرگەي ! نۇرغۇن كامىل مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ناماز ئوقۇمايدۇ ، ياۋرۇپاچە ياسىنىپ يات ئەرلەرگە ئۆزىنى غىلجاڭلىتىدۇ ، ئۇلۇغ مۇجتەھىد ئالىملىرىمىز پىتنە ـ پاساتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاياللارنى مەسجىدلەردە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن توسقان تۇرسا ، بىزلەر ئاياللىرىمىزنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزنىڭ ۋە قىزلىرىمىزنىڭ بازارلاردا ، كۇلۇپلاردا ۋە جامائەتلىك سورۇنلاردا يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ، قىستىشىپ ، چىمدىشىپ دىنىمىزدا ھارام قىلىنغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ يۈرىشىگە نارازى بولمايۋاتىمىز . پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ناماز ئوقۇماي ، روزا تۇتماي ، گۇناھ سادىر قىلىپ يۈرۈشىگە نارازى بولمايمىز . ئاخلىق تەربىيەنى



داۋاملاشتۇرۇپ قايىل قىلماي ، ئۇرۇش ، تىللاش ، قىيداش، دۇشكەللەشتەك ناتاتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىمىز . ئەركىنلىك باھانىسى بىلەن ياشلار ئىستىل بۇزۇقلۇقىغا دۇچار بولدى . ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھوقوقىنى باسىدۇ دەپ تەنە قىلىشتى . ئاياللاردا مەيدانىسىزلىق ، بىلىمسىزلىك كۆپ بولدى، ئاياللار يات مىللەتلەرگە تېگىپ ، مىللىي ئىرقىنى بۇزدى ، پاھىشىگە بېرىلگەن ئاياللار دادىسى مۇئەييەن بولمىغان باللارنى تۇغۇپ، ئۇ باللار ئانىسىنىڭ گەردىنىگە چۈشتى ، تۇرمۇشىغا يارەملەشكىلى دادىسى بولمىغانلىقتىن ئانىسى قىينالدى ، ھەتتا باقالماي مەسچىتلەرگە تاشلاپ قويۇپ خارلاندى . دادىسىز باللارنى ئوقۇتقىلى، ھۈنەر ئۆگەتكىلى ئادەم بولمىغاچ ئۇ باللار ئوغرى، يانچۇقچى ، پىتنى ـ پاساتچى بولدى . دىنغا تەنە قىلغۇچىلار بۇنى ئويلىمىدى . خوتۇنلارنىڭ ئىستىل بۇزۇقلۇقى سەۋەپتىن ئادەم ئۆلتۈرۈش ، بۇرۇن كېسىش، پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇش ھادىسىلىرى يۈز بەردى، تۆت بەش بالا بىلەن ئاجرىشىپ ، ئائىلە

پاراكەندىچىلىكى بولۇپ ، باللار ئۇگەينىڭ ئازابىغا تۇتۇلۇپ ، تەربىيىسىز ، ئەخلاقسىز ئادەم بولىدى، مۇشۇلار ھەممىسى زىنا - پاھىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ؟

ھاراق ئىچىش ئەركىنلىكى بىلەن ياشلار ھاراق بالاسىغا دۇچار بولدى ، نۇرغۇن مۇھىم ۋاقىتلىرىنى مەسىلىك بىلەن ، بىخۇتلۇق بىلەن ئۆتكۈزدى، ئىبادەتتىن ، ھۈنەر - كەسىپتىن مەھرۇم قالدى . نۇرغۇن ئىقتىسادلار ۋەيران بولدى ، بەزى ھاراق - خۇمارلار بىر نەچچە بالىسى ، خوتۇنى بارلىقىغا قارىماي ئولتۇرغان ئۆيلىرىنى ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى سېتىپ ، ئىچىپ تۈگەتتى . ئائىلە ، بالاچاقىلىرى قىينالدى ، ھاراققا پۇل تاپالمىغان ياشلار يانچۇقچىلىق قىلىپ كىشىلەرنى يىغلاتتى . مەسىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىنى ، پۇللىرىنى ئەلگە پايدىلىق ئىشلارغا سەرىپ قىلغان بولسا ئەجەپ ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولاتتى .

نائىنساپ تىجارەتچىلەر ، كۆڭلى قارا ھايانكەشلەر جىنىڭ - تارازىلەردە ، مىسقاللاردە ئېغىر - يىنىك



قىلىش ، ساختا قىلىش ، يالغان سۆزلەش، كاپىرلەرنىڭ جا - ساختا ماللىرىنى سېتىش ئارقىلىق نۇرغۇن ياۋاش مۇسۇلمانلارنى ، ئۆزىنىڭ دىنداش ، ۋەتەنداش قېرىنداشلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى ، ۋىجدانى ئازاپلانمىدى . دىنسىزلار نومۇس قىلىدىغان ئىپلاس قىلمىشلەر بەزى مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولدى، دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىزغا پايدىلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرماي ، ئىسلام دىنىغا خىلاپ ۋە خەلق مەنپەتىگە زىيانلىق بولغان يامان ئىشلارغا قارشى تۇرماي ، نارازى بولماي يۈرگىنىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز الله ئالدىدا جىنايەتكار بولدۇق . الله نىڭ غەزىپىگە لايىق بولغان تۇرۇپ يەنە دۇئايىمىز ئىجابەت بولمىدى، الله ئانداق ، مۇنداق قىلىپ بەرمىدى دەپ الله قا ئەركىلەيمىز .

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىتى بولمىغان بولساق ، بىز مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ ، ئىنسان قىلمايدىغان يامان قىلمىشلارنى قىلغانلىقىمىز ۋە ۋىجدانسىزلىقىمىز تۈپەيلىدىن الله بىزنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتەتتى . الله بىزگە يەنە رەھىم قىلىپ ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بالايى

مۇسـبەتلەر بىلـەن ئاگاھلاندۇردى . لېكىن
ئەقىلسىزلىق ، بىخۇدلۇق قىلىپ جىنايەتتىن قول
يىغمـايۋاتىمىز . بىلگـەنلەر بىلمىگـەنلەرنى
توسمايۋاتىمىز .

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : اَلْعُلَمَاءُ
اُمَنَاءُاللهِ عَلَى خَلْقِهِ «دىن ئالىملىرى الله نىڭ
مەخلۇقلىرى ئۈستىدىكى ئىشەنچىلىك بەندىلىرىدۇر»
يەنى خەلقلەرنىڭ دىن يولىدا مېڭىشىغا موللا ـ
ئالىم كىشىلەر مەسئۇل ۋە ئامانەتتۇر. دىنغا خىلاپ
ئىشلارنى تۈزەتمىگەن ۋە قارشى تۇرمىغان موللا
ئالىملار خائىن بولىدۇ دېمەكتۇر .

موللا ـ ئالىملىرىمىز ئاساسسىز دەلىللەرنى
كۆرسىتىپ، ئەمدى بىزدىن ياخشىلىقتا بۇيرۇش،
يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسى ساقىت دېيىشتى، گۇيا
بۇلارغا رەسۇلۇللاغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە دىن
يولىدا خىزمەت قىلىش ، پىداكارلىق كۆرسىتىش
توغرىسدا كەلگەن ئايەتلەر كەلمىگەندەك .



الله :( مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن ياخشى ئىش
قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن ) دېسە،
بىز ئەتىكى گۆشتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى دېدۇق .
بۇ ئەھۋالىمىز بىلەن الله بىزنىڭ بۇ دۇنيالىق ۋە
ئاخىرەتلىك ئىشىمىزنى ياخشىلىسا ، بېشىمىزنى
ئۈخشىسا دەيدىغانغا نېمە ھەققىمىز بار ؟ دۇئانىڭ
ئىجاۋەت بولىشى ۋە مەخسەتنىڭ ھاسىل بولىشى
ئۈچۈن ۋەسىلە ( ۋاستە ) كېرەك ، ۋەسىلە پەقەت الله
ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن تائەت ـ
ئىبادەتلەر بىلەن ، الله ئۇرۇنلاشتۇرغان توغرا
قانۇنىيەت بويىچە ھەر ئىشقا ئۆز سەۋەبىنى قىلىشتۇر ،
ئەمەل قىلماي ، بۇيرۇغاننى قىلماي ، ياخشىلارنىڭ
روھىدىن مەدەت تىلەش ئەمەستۇر .

7- تەۋەللا يەنى الله نىڭ دوستىنى دوست تۇتۇش ۋە
دوست تۇتۇشتا الله ئۈچۈن دوست تۇتۇش . دېمەك :
بىزنى يوقتىن بار قىلغان ، بىزگە رىزىق بەرگەن
ۋە بېرىۋاتقان ، بىزگە ئىمان بەرگەن ، توغرا يولنى

كۆرسىتىپ بېرىپ ھىدايەت قىلغان، قىيامەت كۈنى بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوۋزاقتىن ساقلايدىغان زات الله دۇر، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ئۆزى خالىغاننى قىلغۇچى زات الله ئۆزى بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئەقلى بار ۋە ئىنساپى بار ئادەم ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئىگىسىنىڭ دوستى بولغان كىشىلەرنى ئەلۋەتتە دوست تۇتىدۇ، ئۇلارنى دوست تۇتسام الله مېنى دوست تۇتىدۇ، مەندىن رازى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

الله نىڭ دوستلىرى كىملەر؟

پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ يوللىرىنى، سۈننەتلىرىنى جان تىكىپ قوغدۇغۇچىلار، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ھەق يولدا ئەگەشكۈچىلەر (تابىئىن ۋە تەبئە تابىئىنلەر)، مۇجتەھىتلەر يەنى دىنىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، دۇنياغا كېڭىيىشى ئۈچۈن تىرىشقۇچى ۋە ئەقىل ئىشلىتىپ دىننى چۈشەندۈرگۈچى ئالىملار، غازىلار (يەنى ئىسلام



دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ قىلغۇچىلار)، قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى (رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەن يولنى) قوغداپ ئىزچىللاشتۇرغۇچىلار ۋە كۆرسەتمە بويىچە ئىشىنىپ، ئۆزگەرتىۋەتمەي ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلاردۇر.

ئەۋلىيا بولۇش ئۈچۈن غەيىپتىن سۆزلەش ياكى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قىلىش، ياكى قەبرىستانلاردا كۆك تۇپىلاردا يېتىش، ياكى قىش كۈنلىرى يالاڭ ئاياغ قارغا دەسسەپ مېڭىش، ياكى تىرىك ھايۋان كەبى تەركى دۇنيا بولۇش شەرت ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلار شەيتان مۇرتلىرىنىڭ دىنىمىزغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىقبالىغا سالغان بۇزغۇنچىلىقىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (الله سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى يۈرۈكىڭلاردىكى ئىمان ۋە ئىخلاسىڭلارغا ۋە توغرا قىلغان ئەمەلى ئىشىڭلارغا قارايدۇ). شۇڭا الله نىڭ ھەقىقى ئەۋلىيا بەندىلىرى ئالىملار ۋە توغرا ئابىتلار ۋە سالىھ، تەقۋادار كىشىلەر ئىچىدە بولغانىدەك تىجارەتچىلەر،

دېھقانلار ، ھۈنەرۋەنلەر ، شوپۇرلار ، ئوقۇتقۇچىلار،
تېبىي خادىملار ، سەيپۇڭلار ، خارەتلەر،
سوۋاغچىلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ، ئاياللار
ئىشچىدىمۇ بولىدۇ . يېغىپ ئېيتقاندا اللە نىڭ
بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ، قۇرئانغا ، رەسۇلۇللاھقا
چىن يۈرۈكى بىلەن ئىشەنگەن ، اللە ۋە رەسۇلۇللاھ
ئۆگەتكەن ۋە تاپشۇرغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋە
ۋەزىپىلەرنى جان دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ ، بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە
ئاشۇرغان، ئىسلام دىنىغا خىلاپ ئىشلارنى يامان
كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلانغان ، اللە دىن باشقا ھېچ
كىمنى اللە دەك ئۇلۇغ كۆرمىگەن ، ئىسلام دىنى ئۈچۈن
قايغۇرغان ، ئىسلام دىنىنى قوغدىغان ، دىن
ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ بۇزمىلىمىغان ، دىن
ئالىملىرى شەكلىگە كىرۋېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ
يىلتىزىغا پالتا چاپمىغان ، ئىسلام دىنىنىڭ يوقۇلۇشىغا
ھەسسە قوشۇپ ھە ـ ھۇ دېمەي ئىسلام دىنىدا
مۇستەھكەم تۇرغانلار ئەۋلىيا ، ۋەلىيۇللاھ (اللە نى
دوست تۇتقان ، اللە ئۇلارنى دوست تۇتقان) بەندىلەر



قاتارىدىن بولىدۇ ، بۇلارغا ئاخىرەتتە قورقۇنچ ۋە
يامان ئاقىۋەت بولمايدۇ . شۇڭا اللە بىزلەرگە :
مۆئمىنلەرنى بىر تۇققاندەك دوست تۇتۇشنى ، ياخشى
ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشتا ، يامان ئىشلارغا قارشى
تۇرۇشتا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشنى ، توغرا ـ خاتا
ئىشلارنى ئايرىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆلچەم
قىلىشنى ، بىر ـ بىرىگە سۇيقەست قىلىشماسلىقنى ،
كىمنىڭ ھەق بولسا شۇنى قوبۇل قىلىشنى ، جاپادا ۋە
راھەت پاراغەتتە ئورتاق بولۇشنى تاپشۇردى. بىر
مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرسە ياكى
مال ـ مۈلكىنى تارتىپ ئېلىۋالسا ، ياكى ئائىلىۋىي
ھوقوقىغا تاجاۋۇز قىلسا شەرىئەت قانۇن مەھكىمىسىگە
ئەرز قىلىپ ، قاتىلدىن قىساس ئېلىش ، ئىقتىسادى.
ھەقنى تۆلىتىش ، باشقا جىنايى قىلمىشلىرىنى قانۇن
بويىچە جازالىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ،
مۇسۇلمانلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن ، دىنداشلىق
خاتىرىسى ئۈچۈن ، قاتىللىقتىن باشقا ئىجتىمائى ۋە
ئىقتىسادى جىنايى قىلمىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ،
ئىنتىقام ئالماسلىقنى ، دوسلۇق، ئىتتىپاقلىقنى

ساقلاپ ، بىر ـ بىرىگە كەڭ قورساق ، ئەپۇچان بولۇشنى قولاليدۇ . شۇنداق قىلغۇچىغا چوڭ ئەجرى ۋە مەغپىرەت ۋەدە قىلىدۇ .

ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى شۇنداق تۇرۇپ، يەنە مەن مۇسۇلمان دىگەن بەزى ئادەملەر ئازغىنا ئىقتىسادى زىيان ئۈچۈن بىر- بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان، قەبىھ گەپلەر بىلەن تىللىشىدىغان، ئۇزۇن مۇددەت ئاداۋەتلىشىپ گەپلەشمەي يۈرىدىغان، ھەتتا ناھاق گەپ بىلەن قارىلاپ تۈرمىگە قامىتىدىغان، ئاز زىيان ئورنىغا چوڭ زىيان سېلىشنى قەستلەپ يۈرىدىغانلار بار. شۇنىڭدەك دىھقانلار ئېچىدىمۇ سۇ تالىشىپ ياكى يېرىنىڭ پاسىل قىرلىرىنى تالىشىپ ياكى زىرائىتىمگە مال كىرىپ قالدى دەپ ، ياكى توخۇ تاتىلىدى دەپ بىر كۆڭلۈك ئۇزۇق بولالمايدىغان ئاددي زىيانغا سەۋر قىلماي جېدەل ـ ماجرا قىلىشىپ ، نەتىجىدە چوڭ ۋەقەلەرنى كەلتۈردىغان كىشىلەر بار ، مانا بۇ قىلمىشلار « تەۋەللا » غا زىتتۇر ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا خىلاپتۇر ، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدۇر .



ئۇمۇمەن ئېيتقاندا ، ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيان ئۇرۇش « تەۋەللا » غا خىلاپتۇر . دىنىنىڭ بىر يىلتىزىنى قورۇتقانلىقتۇر . مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەر پەقەت بىر تىل ، بىر نەسىل بولغىنى ئۈچۈن ، بىر ـ بىرىنى قوغداپ ، بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى پىدا قىلىپ ، ئىتتىپاق، ئىناق ياشاش نەتىجىسىدە دۇنيادا ھېچ كىمگە بوزەك بولماي ئەركىن ۋە پاراۋان ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بىز مۇسۇلمانلار بىر تىل ۋە بىر ئەۋلاد بولۇشتىن تاشقىرى بىر الله قا بەندە ، بىر پەيغەمبەرگە ئۇممەت ، بىر قۇرئاننىڭ رەھبەرلىكىدە ، قىبلىمىز بىر ، نامىزىمىز بىر ، ئېتىقادىمىز بىر ، يۇرتىمىز بىر ، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بىر ، ئاخىرەتتە جەننەتتە بىللە ياشايدىغان قېرىنداشلار تۇرۇپ ، بىر ـ بىرىمىزنى قەدىرلىمەيمىز ، دۈشمەنلىك قىلىمىز، خائىنلىق قىلىمىز ، شۇڭا دۇنيادا ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتىمىز ، ئاخىرەتتە بىزنى قانداق دوۋزاخ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيمىز .

رَبَّنَا ظَلَمْنَا اَنْفُسَنَا وَ اِنْ لَمْ تَغْفِرْلَنَا وَ تَرْحَمْنَا لَنَكُوْنَنَّ مِنَ الْخَاسِرِيْنَ

(پەرۋەردىگارىمىز ! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق ، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز . )

8 - تەبەررا : يەنى الله نىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتۇش . الله دۇنيادا بەندىلىرىگە نۇرلۇق چىراق بولسۇن ، بەخت ـ سائادەت مەشئىلى بولسۇن ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۇگەتكەن ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قىيامەتكىچە قوللانمىسى بولىشى ئۈچۈن چۈشۈرگەن قۇرئان كەرىمنى، الله نىڭ ۋەھىيسى ، ئىلھامى ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن ھەدىسلەرنى بۇرمىلاش ، يوقۇتۇش ئۈچۈن قەست قىلغانلار، قۇرئانغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىگەنلەر، ئۇمۇمەن ئىسلام دىنىنى توغرا دىن دەپ تونۇمىغانلار الله نىڭ



دۈشمىنىدۇر ، بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ يوقۇلىشىنى ياكى ئاجىزلىشىپ تەدرىجى ھالدا ئەمەلدىن قېلىشىنى خالايدۇ ، بار كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھالدا قارشى تۇرىدۇ ، يوقۇتۇشقا ئۇرىنىدۇ ، كۈچى يەتسىلا مۇسۇلمانلارنى دەپسەندە قىلىدۇ ، ئىسلام دىنىنى ساقلاپ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئامىللىرىنى چەكلەيدۇ . ئىسلام دىنى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىمىز ، بىزنىڭ ھاياتىمىز، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز، بىزنىڭ بەخت سائادىتىمىز، بىزنىڭ بارلىقىمىز ، ئۇنى بىزگە مېھرىبان ئىگىمىز الله ئادەتتىن تاشقىرى رەھمەت ۋە شەپقەت قىلغىنى ئۈچۈن بەرگەن ، بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ھەرقانداق ھالاۋەتتە ياشاشنى خالىمايمىز . بىزنى يوقتىن بار قىلغان ، سانسىز نېئمەتلەر بىلەن بىزنى بېقىۋاتقان ۋە بىزگە مەڭگۈلۈك راھەت ـ پاراغەت ئورنى بولغان جەننەتنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ، بىزگە قۇرئان چۈشۈرۈپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇستاز قىلىپ ، دۇنيادا ئادەمدەك ياشاش يولىنى ئۇگەتكەن ئىگىمىز الله نىڭ دوستىنى دوست تۇتۇش ، دۈشمىنىنى

دۈشمەن تۇتۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ تۆپ شەرتىدۇر . بىر
مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىككى خىل قارىمۇ ـ
قارشى تۇتۇش بولسا بولمايدۇ . الله تعالى قۇرئان
كەرىم مۇنداق دىگەن :
« مۆئمىنلەر ، مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى ئۆزىگە
دوست تۇتمىسۇن ، مۆئمىنلەرنى تاشلاپ كاپىرلارنى
دوست تۇتقانلار الله تعالى نىڭ دىنىدا ئەمەس ، لىكىن
ئۇلارنىڭ سويقەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىغىزدا
مادارا قىلىشقا بولىدۇ » .

**لَا يَنْهَاكُمُ اللهُ عَنِ الَّذِيْنَ لَمْ يُقَاتِلُوْكُمْ فِى الدِّيْنِ وَ لَمْ يُخْرِجُوْكُمْ مِّنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوْهُمْ وَتُقْسِطُوْا اِلَيْهِمْ اِنَّ اللهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِيْنَ ، اِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللهُ عَنِ الَّذِيْنَ قَاتَلُوْكُمْ فِى الدِّيْنِ وَ أَخْرَجُوْكُمْ مِّنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوْا عَلَى اِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَّتَوَلَّهُمْ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُوْنَ .**



«( كۇففارلاردىن ) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە
سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا
كەلسەك ، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن،
ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ،
شۈبھىسىزكى ، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ ، الله
دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان ، سىلەرنى
يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ
چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن
سىلەرنى توسىدۇ ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ،
ئۇلار زالىملاردۇر » . ( سۇرە مۇنتەھىنە 8 ـ 9 ئايەت )

ئىسلام دىنىغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى الله
نىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ ، ھەم ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئەبەدى دوزىخى بولسىمۇ دۇنيادا
مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقە مۇناسىۋەتتە،
مۇئامىلىدە پەرقلىق بولىدۇ. ئۆزى ئىسلام دىنىغا
ئىشەنمىسىمۇ ئىسلام دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلمايدىغان،
كاپىرلىق ئىدىيىسىنى مۇسۇلمانلارغا تاڭمايدىغان،
مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلماي، مۇسۇلمانلارنىڭ

كىشىلىك ھوقوقىغا ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلماي ، تىنىچ ياشاشنى خالىغانلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ، ئۇلارنى قەلبىدە دوست تۇتماسلىق ۋە ئىدىيىسىدە يامان كۆرۈش بىلەن بىللە ئىنسانلىقدا توغرا مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇيدۇ . ئەمما سەن جىم تۇرساڭ ، ئۇ جىم تۇرمايدىغانلارغا ، يەنى دىنىنى يوقۇتۇشقا ، مۇسۇلمانلارنى مەھكۇم قىلىشقا، دەپسەندە قىلىشقا ، بوزەك قىلىشقا قەست قىلىدىغانلارغا خوشامەت قىلماسلىق ، دوست تۇتماسلىق ، ئۇلارغا يۆلۈنۈپ جان ساقلايمان دەپ چاكار بولماسلىق ، دىنىغا قارشى ئىش - ھەركەتلەركە ھەسسە قوشماسلىققا ۋە ئۇنداق ئىشلارغا قولى بىلەن، ياكى تىلى بىلەن ، ياكى دىلى بىلەن قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ ، لېكىن ئارپىنى خام ئورۇشقا بۇيرۇمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىدا مۇسۇلمان بولسىمۇ ، شەكلى جەھەتتە ناماز ئوقۇسىمۇ، دۇنيالىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ ، دىن دۈشمەنلىرىگە مۇھەببەت باغلىغان ، ئاغزىدا ئىسلام دىنى تەرەپتە تۇرۇپ ، يۈرىكىدە قارشى تەرەپ ئۈچۈن ئىشلىگەن كىشى مۇئمىن دېيىلمەيدۇ، مۇناپىق خائىن دېيىلىدۇ .



الله نىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن بول ، الله نىڭ دوستىغا دوست بول دىگەن بۇ سۆز قۇرئاننىڭ مەزمۇنىدۇر .